# ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش تېخىمۇ گۈزەل ئەتىنى يارىتىش

## —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى قاتتىق ھاياجانلاندۇردى، روھىنى ئۇرغۇتتى. كۆپچىلىك بەس - بەستە مۇنداق بىلدۈردى: يېڭى مۇساپىدە، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، بىزنىڭ خەلق جۇمھۇرىيىتىمىزنى داۋاملىق ياخشى مۇستەھكەملەپ، ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىمىز!

### ■ ۋەتەندىن پەخىرلىنىش ئۇلۇغ ۋەتەنگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش

«70 يىلدىن بۇيان، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۈگۈن، سوتسىيالىستىك جۇڭگو دۇنيانىڭ شەرقىدە ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈردى، ھېچقانداق كۈچ بىزنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئورنىنى تەۋرىتەلمەيدۇ، ھېچقانداق كۈچ جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇۋالالمايدۇ».

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جاراڭلىق سۆزى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ساڭ مېينىڭ كۆزىگە ئىسسىق ياش كەلتۈردى. ئۇ تەسىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى: «شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئوغۇل - قىزلار ئۇلۇغ ۋەتەن بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش، مەن بىزنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزدىن پەخىرلىنىمەن! ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن! ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزگە بەخت تىلەيمەن!»

«يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، پارتىيەمىز پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، مەردانە ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئىنسانىيەت تەرەققىيات تارىخىدىكى نۇرغۇن ئۇلۇغ مۆجىزىلەرنى ياراتتى. خەلقنىڭ تۇرمۇشى زور دەرىجىدە ياخشىلىنىپ، ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى، دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارا ئورنى ۋە تەسىر كۈچى سىجىل ئۆستى، جۇڭخۇا پەرزەنتى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، تەبىئىيلا پەخىرلىنىش تۇيغۇسىدا بولدۇم» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسى ئىشخانىسىنىڭ كادىرى يۈسۈپجان ئەمەت.

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى ئاڭلاپ، ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كادىرى ياڭ يەنچىن ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشلىرى ساغلام راۋاجلاندى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىر يۈرۈش ياخشى سىياسەتنىڭ قوللىشى نەتىجىسىدە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرى ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئامما ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ ئارزۇ قىلىدىغان، ئەڭ زۆرۈر مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىغا تېخىمۇ ئىگە بولدى، كۆپچىلىكنىڭ قەلبى مىننەتدارلىق ھېسسىياتىغا تولدى».

«ئۇلۇغ يېڭى جۇڭگو، ئۇلۇغ يېڭى دەۋردە تۇغۇلغانلىقىمدىن ئىنتايىن شەرەپ ھېس قىلىمەن، ئىنتايىن پەخىرلىنىمەن.» شىنجاڭ خەلقئارا يىغىن - كۆرگەزمە مەركىزى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر يەن جۈن ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «مەن ئۇلۇغ يېڭى دەۋرگە پائال ئاتلىنىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرىمەن».

### ■ پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش يېڭى تارىخىي ئۇلۇغ ئىشلارنى يارىتىش

«ئىلگىرىلەش مۇساپىسىدە، بىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ سۇبيېكتلىق ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجرا قىلىپ، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇپ، يېڭى تارىخىي ئۇلۇغ ئىشلارنى ئۈزلۈكسىز يارىتىشىمىز كېرەك».

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇھىت ۋە بايلىق قوغداش خىزمىتى كومىتېتىنىڭ كادىرى خۇۋ لياڭ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى ئاڭلاپ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنىڭ تېخىمۇ مۇستەھكەملەنگەنلىكىنى بىلدۈردى. «بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى يېتەكچى قىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ۋەزىپە ئادا قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇپ، يېڭى تارىخىي ئۇلۇغ ئىشلارنى ئۈزلۈكسىز يارىتىشىمىز كېرەك» دېدى خۇۋ لياڭ قەتئىي ھالدا.

«پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىق قوينىدا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرغاندىلا، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشى، ئورتاق گۈللىنىپ راۋاجلىنىشىدا چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈللىنىپ ئىلگىرىلەيدىغان بۈگۈنى ۋە تېخىمۇ گۈزەل كەلگۈسى بولىدۇ» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى ئىشخانىسىنىڭ كادىرى ياڭ جيەن.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭ چاڭجۇڭ مۇنداق دېدى: «ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىمىزنى ئەستايىدىل، تولۇق ئادا قىلىپ، پارتىيەنى تېخىمۇ مۇستەھكەم، كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك.

«يېڭى مۇساپىدە، بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىنتىلىدىغان كۈچنى مۇجەسسەملەپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۆرتكە بولۇشىمىز كېرەك» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى - يېزا نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىر نۇرمەمەت تۇنىياز.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ كادىرى ئەلقەم ياسىن مۇنداق بىلدۈردى: «مەن پارتىيەنىڭ قەدىمىگە يېقىندىن ئەگىشىپ، پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىپ، ياشلار، ئۆسمۈرلەرنى قىزىل روھقا ۋارىسلىق قىلىشقا تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، ئېتىقاد ئاساسىنى مۇستەھكەم قۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ كۆپ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىز باسارلىرىنى يېتىشتۈرىمەن».

### ■ بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىش داۋاملىق كۈرەش قىلىش

«باش شۇجى شى جىنپىڭ: جۇڭگونىڭ ئەتىسى جەزمەن تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ، دېدى، بۇ سۆز كىشىنى روھلاندۇرىدۇ، كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ.» ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى دېلو تۇرغۇزۇش كوللېگىيەسىنىڭ كوللېگىيە باشلىقى جۇ جىڭلىن ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «خەلق سودىيەسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، خەلقنى مەركەز قىلىشتا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، ئادىللىق ۋە ھەققانىيلىقتا چىڭ تۇرۇپ، قانۇن يۈرگۈزۈش فۇنكسىيەسىنى ئادا قىلىپ، خەلق ئاممىسىغا ھەربىر قانۇن يۈرگۈزۈش دېلوسىدىن ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ھېس قىلدۇرىمەن».

ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي تەپتىش نازارىتى پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، ئىقتىسادىي تەپتىش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى مۇنىرە ئەلى مۇنداق دېدى: «ئىقتىسادىي تەپتىش كادىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، دىققەتنى شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەركەزلىك بىرتۇتاش بولغان، ئومۇميۈزلۈك قاپلىغان، نوپۇزلۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىقتىسادىي تەپتىش نازارەتچىلىك سىستېمىسىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، ئىقتىسادىي تەپتىش خىزمىتىنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىمەن».

ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، نازىر جاڭ شياۋلېي مۇنداق بىلدۈردى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە تۈزۈلمە - مېخانىزمدا يېڭىلىق يارىتىشنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرىدىن ھەر مىللەت خەلققە تېخىمۇ كۆپ نەپ يەتكۈزۈشكە تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك.

«ئۇلۇغ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ياشىسۇن! ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ياشىسۇن! ئۇلۇغ جۇڭگو خەلقى ياشىسۇن!» يېڭى مۇساپىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، تېخىمۇ گۈزەل ئەتىنى ئورتاق يارىتىدۇ!

**(مۇخبىرلىرىمىز جاڭ يەنفاڭ، لياڭ لىخۇا، ياڭ شۇخەن، جاۋ جيۈن، لى ياڭ، ما يىنىڭ، چېن چياڭۋېي، ليۇ يى، مېھرىگۈل ناسىر، شې خۇيبىن، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز جياڭ فېڭ يازغان)**

تېخىمۇ كۆپ مەزمۇننى ئىككىلىك كودنى سكانېرلاپ كۆرۈڭ

---

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەپ

# ئاپتونوم رايون داغدۇغىلىق ھالدا دۆلەت بايرىقى چىقىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى

**مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇك، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: پۈتۈن مەملىكەتتە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى خۇشال تەبرىكلىنىۋاتقان پەيتتە، 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سەھەردە، ئاپتونوم رايون شىنجاڭ خەلقئارا يىغىن - كۆرگەزمە مەركىزىدە داغدۇغىلىق ھالدا دۆلەت بايرىقى چىقىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلەپ، ئۇلۇغ ۋەتەننىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا بىرلىكتە چىن كۆڭلىدىن تىلەكداشلىق بىلدۈردى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىدىغان كۈچلۈك ئىشەنچى ۋە ئىرادىسىنى چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن ئىپادىلىدى.

ئالتۇن كۈزدىكى 10 - ئايدا، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىردەك تەبرىكلەندى، تيانشان مەردانە قىياپىتىنى نامايان قىلىپ، ھەممە شادلىققا چۆمدى. شىنجاڭ خەلقئارا يىغىن - كۆرگەزمە مەركىزى مەيدانىدا قىزىل بايراقلار جەۋلان قىلىپ تۇراتتى، گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلغانىدى. ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى رەھبەرلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 2000 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە بايراق چىقىرىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.




**10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئاپتونوم رايون شىنجاڭ خەلقئارا يىغىن - كۆرگەزمە مەركىزىدە داغدۇغىلىق ھالدا دۆلەت بايرىقى چىقىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.**

**□ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى**

سائەت 8 دە، مەردانە مۇزىكا ساداسى ئىچىدە، قەددى - قامەتلىك، جۇشقۇن بايراق قوغدىغۇچىلار ئەترىتىنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى پولات مىلتىق كۆتۈرۈپ، مەردانە، كۈچلۈك قەدەم تاشلاپ، مۇقەددەس بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى قوغداپ بايراق چىقىرىش سۇپىسىغا قاراپ ماڭدى.

تەنتەنىلىك «پىدائىيلار مارشى»نىڭ ياڭرىشى بىلەن، پۈتۈن مەيداندىكىلەر ھەيۋەتلىك، جۇشقۇن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت شېئىرىنى بىرلىكتە يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇدى، قىپقىزىل بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلدى.

«ئۆسمۈرلەر روناق تاپسا دۆلەت گۈللىنىدۇ، ئۆسمۈرلەر كۈچەيسە دۆلەت قۇدرەت تاپىدۇ، بىز جۇڭخۇا ئۆسمۈرلىرى، بىز ۋەتەننىڭ كەلگۈسى ۋە ئۈمىدى!» بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراققا يۈزلىنىپ، ئۆسمۈر بالىلار بىرلىكتە بېغىشلىما سۆز ئوقۇدى. زىل، جاراڭلىق بالىلار ئاۋازى پىيونېرلارنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەنگە بولغان چەكسىز قىزغىن مۇھەببىتى ۋە سەمىمىي تىلىكىنى ئىپادىلىدى.

بايراق چىقىرىش مۇراسىمىغا قاتناشقان ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ھاياجانلانغان ھالدا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، جۇڭخۇا مىللىتى ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان تارىخىي ھالقىشنى كۆتۈۋالدى. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىدا تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر بولدى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە كىردى. ۋەتەن قوينىدا، تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى، كۆپچىلىكنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلاندى. بىز ئۇلۇغ ۋەتەن قولغا كەلتۈرگەن تەڭداشسىز ئۇلۇغ نەتىجىلەردىن، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن چەكسىز ئىپتىخارلىنىمىز، چەكسىز پەخىرلىنىمىز، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىغا چىن قەلبىمىزدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئەتىسىنىڭ تېخىمۇ گۈزەل بولۇشىغا چىن قەلبىمىزدىن تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز. بىز چوقۇم شىنجاڭنىڭ مۇقىم، تەرەققىي قىلغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى ھەسسىلەپ قەدىرلەپ، تەستە قولغا كەلگەن بەختىيار، گۈزەل تۇرمۇشىمىزنى ھەسسىلەپ قەدىرلەپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، تىرىشىپ ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى جاسارەت بىلەن ياخشى پۈتىمىز.